مۇقەددەس كىتاب

# فىلىمونغا

## يېزىلغان خەت

57

# فىلىمونغا
# يېزىلغان خەت

## مۇقەددەس كىتاب - يېڭى ئەھدە
## (ئىنجىل)
## 18-قىسىم

1950-يىلىدىكى «مۇقەددەس كىتاب»نىڭ
ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ھازىرقى زامان
ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزگەرتىلدى

2013
دەسلەپكى نۇسخا

www.dunyaningnuri.com

# فىلىمونغا
# يېزىلغان خەت

## سالاملار

1 [1] مەسىھ ئەيسانىڭ مەھبۇسى پاۋلۇستىن ۋە بۇرادەر تىموتىيئۇستىن ئامراق ھەمكارىمىز
فىلىمونغا [2] ۋە ھەمشىرىمىز ئافىياغا ۋە سەپداش رەپىقىمىز ئارخىپپۇسقا ۋە سىنىڭ
ئۆيۈڭدىكى جامائەتكە سالام. [3] ئاتىمىز خۇدادىن ۋە خۇداۋەندە ئەيسا مەسىھتىن سىلەرگە
مېھىر-شەپقەت ۋە ئامانلىق بولسۇن.

## شۈكۈر ۋە دۇئا

[4] دۇئالىرىمدا سېنى ياد قىلىپ، ھەمىشە خۇدايىمغا شۈكۈر قىلىمەن. [5] چۈنكى سېنىڭ مەسىھ
ئەيساغا ۋە ھەممە مۇقەددەسلەرگە بولغان مۇھەببىتىڭنىڭ ۋە ساداقەتلىكىڭ توغرىسىدىن
ئاڭلىغانىمەن. [6] دۇئا قىلىمەنكى، مەسىھتە بىزگە بېرىلگەن ھەممە ياخشىلىقنى بىلمىكىڭ
ئۈچۈن سىزدە بولغان ئىمانىڭ قۇۋۋەتلىنىپ ئەمەلگە كەلتۈرۈلگەي. [7] ئەي بۇرادىرىم، سېنىڭ
مۇھەببىتىڭدىن تولا خۇشلۇق ۋە تەسەللى تاپتىم. چۈنكى مۇقەددەسلەرنىڭ كۆڭۈللىرى
سېنىڭ ۋاستەڭ بىلەن سۆيۈنۈپ، راھەت تاپقان.

## فىلىموننىڭ قۇلى ئونېسىمۇس توغرىسىدا ئىلتىماس

[8] ئۇنىڭ ئۈچۈن لايىق بولغاننى ساڭا بۇيرۇغىلى مەسىھتە ھەققىم بولسىمۇ، [9] مۇھەببەت
جەھەتىدىن يالۋۇرىمەن، دەرۋەقە مەن ئەمدى مەسىھ ئەيسانىڭ مەھبۇسى بولۇپ قېرىپ كەتكەن
پاۋلۇس [10] مېنىڭ زەنجىرلىرىمدە تۇغقان بالام ئونېسىمۇس ئۈچۈن ساڭا يالۋۇرىمەن. [11] ئۇ
ئۆزى بىر ۋاقىت ساڭا پايدىسىز ئىدى، لېكىن ئەمدى ھەم ساڭا، ھەم ماڭا پايدىلىق بولدى.
[12] ئۇنى سېنىڭ قېشىڭغا ياندۇرۇپ ئەۋەتسەم، ئۆز كۆڭلۈمنى ئەۋەتكەندەك بولدى. [13] مەن
ئۆزۈم ئىنجىل ئۈچۈن زەنجىرلەردە تۇرسام، سېنىڭ ئورنۇڭدا ماڭا خىزمەت قىلمىقى ئۈچۈن
ئۇنى ئۆز يېنىمدا ئېلىپ قالغىلى خالاتتىم. [14] لېكىن، قىلغان ياخشىلىقىڭ ناچارلىقتىن
بولماي، كۆڭۈل خۇشلۇقىدىن بولغاي دەپ. سەندىن سورىماي ھېچنېمە قىلغىلى خالىمىدىم.
[15] ئەبەدكىچە سېنىڭكى بولمىقى ئۈچۈن ئۇ بىر ئاز ۋاقىت سەندىن ئايرىلدى. [16] ئۇ مۇندىن

كېيىن ئۆزۈڭگە قۇلدەك ئەمەس، بەلكى قۇلدىن ئەۋزەل بولغاي. ئۇ ماڭا ئىنتايىن ئامراق
بۇرادەر بولغاندىن كېيىن، قانچە زىيادىرەك ساڭا ھەم جىسمىدە، ھەم خۇداۋەندىدە شۇنداق
بولغاي.
17 ئەگەر مېنى ئۆزۈڭگە بۇرادەردەك سانىساڭ، ئۇنى ئۆزۈمدەك قوبۇل قىلغىن. 18 ساڭا بىر
ناھەقلىق قىلغان بولسا ياكى سەندىن قەرزى بولسا، شۇنى مېنىڭ ھېسابىمغا پۈتكىن. 19 مەن
پاۋلۇس ئۆز قولۇم بىلەن يازدىم. مەن ئۆزۈم تۆلەپ بېرىمەن. سەن بولساڭ ئۆزۈڭنى ھەم
ماڭا بەرگىلى قەرزداردۇرسەن. 20 شۇڭا، ئەي بۇرادىرىم، خۇداۋەندىدە سەندىن ماڭا مەنپەئەت
بولسۇن. مەسىھتە كۆڭلۈمنى راھەتلەندۈرگىن.

## ئاخىرقى سۆز ۋە سالاملار

21 ئىتائىتىڭگە ئىشىنىپ، ئېيتقىنىمدىن ئوشۇقراق قىلىدىغىنىڭنى بىلىپ ساڭا پۈتتۈم.
22 بۇنىڭدىن باشقا ماڭا بىر چۈشىدىغان ئۆي تەييار قىلغىن. چۈنكى دۇئالىرىڭلارنىڭ
ۋاستىسى بىلەن سىلەرگە بېرىلىدىغىنىمنى ئۈمىد قىلىمەن.
23 مەسىھ ئەيسادا مېنىڭ تۈرمىداشىم بولغان ئېپافراس 24 ۋە مېنىڭ ھەمكارلىرىم بولغان
ماركۇس، ئارىستارخۇس، دېماس ۋە لۇقا ساڭا سالام ئېيتىدۇ.
25 خۇداۋەندە ئەيسا مەسىھنىڭ مېھىر-شەپقىتى روھۇڭلار بىلەن بولسۇن.